# 21776 - ئاشۇرا روزىسىنى يالغۇز بىر كۈن تۇتۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

ئاشۇرا كۈنىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن روزا تۇتماستىن پەقەت ئاشۇرا كۈنىلا روزا تۇتسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىلىشىنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتۇش بىر يىللىق گۇناھقا كاپارەت بولۇپ، يالغۇز ئۇ كۈنىلا روزا تۇتۇش يامان كۆرۈلمەيدۇ." [چوڭ پەتىۋالار توپلىمى 5-توم].

ئىبنى ھەجەر ھەيتەمى رەھمەھۇللاھ" تۆھپەتۇل مۇھتاج" دا: يالغۇز ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ دېگەن". [3-توم نەپلە روزا تۇتۇش بۆلمى].

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات ۋە دىنى پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىدىن بۇ ھەقتە سوئال سورالغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "يالغۇز ئاشۇرا كۈنىلا روزا تۇتۇشمۇ توغرا بولىدۇ، لېكىن ئەڭ ياخشىسى ئاشۇرا كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن ۋە بىر كۈن كېيىن روزا تۇتۇش كېرەك، بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئەسەر بايان قىلىنغان سۈننەتتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: **«ئەگەر مەن كېلەر يىلى ياشىسام توققۇزىنچى كۈنىمۇ روزا تۇتىمەن»** دېگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى  1134-ھەدىس].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە: **«ئونىنچى كۈنى بىلەن بىرگە توققۇزىنچى كۈنىمۇ روزا تۇتىمەن»** دەپ بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر. "سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات ۋە دىنى پەتىۋا كومىتېتى پەتىۋاسى"[11-توم 401-بەت

ئاللاھ ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر.